# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر خىباڭ چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دېھقانلارغا ياردەم بېرىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: «شىركەت + بازا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى+ دېھقان ئائىلىسى» ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ مۇقىم بولغان مەنپەئەتنى چېتىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى سىجىل كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر بىر ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا شىركىتىگە كىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت، تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، خادىملارنىڭ كىرىمى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، كارخانىنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ئەلالاشتۇرۇپ، زورايتىپ، كەسىپ سەۋىيەسى ۋە نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىنى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىپ، كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر يەنە ئاقتۇ ناھىيەسى نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرۇشى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، كۆلەملىشىش، كەسىپلىشىش، بازارلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۈنۈملۈك تۇتقىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تۈرلۈك تەدبىرلىرىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق ئېغىزلاردا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشكە يېتەكلەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ۋۇنۇسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ھەرىكەتچان ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، يۈكسەلدۈرۈپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى قورغاننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش كېرەك. ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، سېلىنمىنى كېڭەيتىش، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا كۈچەپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىشتۈرۈپ، زورايتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە مۇجەسسەملەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ قاتارلىقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل شىنجاڭدىن سىرتقا يەتكۈزۈلىدىغان توك مىقدارىدا يەنىلا يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش سىجىل ساقلانماقتا، ئالدىنقى بەش ئايدا 35 مىليارد 387 مىليون كىلوۋات سائەت توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 47% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پاكىز ئېنېرگىيەلىك توك مىقدارى 9 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 26.5%نى ئىگىلىدى.

ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ياندىش ئېلېكتر مەنبەلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش سۈرئىتىنى ۋە ماس قەدەملىك ئېلېكتر مەنبەسى ھەم ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى. سېتىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز «ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش+ بازارلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك قوزغاپ، «چىقىرىش» ۋە «كىرگۈزۈش»نى بىرلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ، 14 ئۆلكە، شەھەر بىلەن ھۆكۈمەتلەر ئارا سىرتقا يەتكۈزۈش كېلىشىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. 2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بويىچە جەمئىي 220 مىليارد 100 مىليون كىلوۋات سائەت توك سىرتقا يەتكۈزۈلدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئىچكى قىسمىنى تەمىنلەيدىغان تۆت ھالقا تور، سىرتقا يەتكۈزىدىغان تۆت يول» دىن ئىبارەت چوڭ ئېلېكتر تورى ئەندىزىسى بەرپا قىلىندى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، دۆلەت ئېلېكتر تورى چەكلىك شىركىتى جەمئىي 87 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، توك مەنبەسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرگە 101 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى، سىرتقا توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 3 مىليون كىلوۋاتتىن 16 مىليون 400 مىڭ كىلوۋاتقا ئاشۇرۇلدى، يول ئارقىلىق سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارى تۆت ھەسسە ئاشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بىسىم ئاستىدا، بىز خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن قانداق تۆھپە قوشىمىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي كۈچ ۋە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك» دېدى يىندولەننىڭ باش مۇدىرى لى جۈن.

بۇ خىل ئەمەلىي كۈچ بىلەن ئىشەنچ ئىنتايىن زور دەرىجىدە كەسپ زەنجىرىنىڭ مەنبەسى — جۇڭيى، مىللىي تېبابەت دورا ماتېرىياللىرى تېرىقچىلىق بازىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان. 2010 ـ يىلى، يىندولەن دۆلەتنىڭ GAP ئۆلچىمى بويىچە تېرىقچىلىق بازىسى قۇردى، نۆۋەتتە تېرىقچىلىق كۆلىمى 3500 موغا يەتتى، ئوسما يىلتىزى، يالپۇز قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرىنى يەرلىكلەشتۈرۈپ كۆلەملەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈپلا قالماي، يىزخو، كاسنە قاتارلىق يەرلىك مىللىي دورا ماتېرىياللىرىنىمۇ دالىدا ئۆسۈشتىن سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈپ كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىشقا ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇردى، بابۇنە، زوفا قاتارلىق ئىمپورت قىلىنىدىغان دورا ماتېرىياللىرىنىمۇ مۇشۇ جايدا يېتىشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ تېرىشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇردى. ھازىر، يىندولەن شىنجاڭدىكى تۇنجى بولۇپ دورا ماتېرىياللىرى تېرىقچىلىق بازىسىغا ئىگە بولغان، مۇكەممەل كەسپ زەنجىرى شەكىللەندۈرگەن مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى ياساش كارخانىسى، ھەم پۈتۈن مەملىكەتتە يۈزلەنگەن دورا ماتېرىياللىرى تېرىقچىلىقى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كۆزنىكى بولۇپ قالدى.

ئەمەلىي كۈچ بىلەن ئىشەنچ يەنە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا توختىماي ئىزدىنىشتىن كەلگەن. 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، مۇخبىر يىندولەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا بېرىپ، ئىچىلىدىغان قاتتىق دورا ۋە سۇيۇق دورا، جۇڭيى دورىلىرىنى ئاپتوماتىك ئايرىش، تولۇق ئاپتوماتىك بىر گەۋدىلەشكەن ئوراش ـ قاچىلاش قاتارلىق توققۇز ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنىڭ ھەممىسىدە ئالدىراش مەنزىرىنى كۆردى. رەقەملەشكەن نازارەت قىلىش ـ كونترول قىلىش سىستېمىسىدا، 26 ئۈسكۈنىنىڭ 408 كونترول نۇقتىسىنىڭ ھالقىلىق تېخنىكا پارامېتىرى ۋە سۈپەت كۆرسەتكۈچى ھەر ۋاقىت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، دانىچە دورىلارنى قاچىلاشتىن تارتىپ يەشىككە قاچىلاپ تېڭىشقىچە، ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەشغۇلات جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئورنىنى تامامەن ئىگىلىگەنىدى.

«2018 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى خادىملارنىڭ يېرىمى ئازايدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى 2.6 ھەسسە ئاشتى، بۇلتۇر ‹ئاپتونوم رايوننىڭ يېشىل زاۋۇت› ئېتىراپىدىن ئۇتۇقلۇق ئۆتتى، كارخانىمىز دۆلەت سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى بېكىتكەن تۇنجى تۈركۈمدىكى كەسىپلەشكەن، سەرخىللاشقان، ئالاھىدە، يېڭى ‹كىچىك گىگانت› كارخانا» دېدى سېخ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل مۇئاۋىن دىرېكتور مو شيۇمېي تونۇشتۇرۇپ.

بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتى ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يىندولەننىڭ خاس مەھسۇلاتى مۇرەككەپ رېتسىپلىق يىزخو جەۋھىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇستىن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىنى جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش لايىھەسى»دىكى تەۋسىيەلىك مەھسۇلات قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

لى جۈن مۇنداق دېدى: «ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش پىكرى» يېقىندا ئېلان قىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى، بۇنىڭدىن كېيىن تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى ئاشۇرىدىغان تۈپ تۈرتكە قىلىپ، جۇڭيى دورىلىرى، مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە كەسپلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمىز.

ئۇ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېقىنقى ئۈچ يىلدا، يىندولەننىڭ ئومۇمىي تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسىنىڭ يىللىق سېتىش كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 8%تىن يۇقىرى بولدى. ھازىر، يىندولەن تەتقىق قىلىپ ئېچىۋاتقان مىللىي تېبابەت دورا مەھسۇلاتىدىن بەشى بار، يېڭى مىللىي تېبابەت دورىسى «بىنەپشە جەۋھىرى»نىڭ 3 ـ قارارلىق كىلىنىكا سىنىقى قوزغىتىلدى، مۇرەككەپ رېتسىپلىق يىزخو جەۋھىرىنىڭ باللار توپىغا كۆپەيتىش تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ باللار دورىلىرى كىلىنىكا تەتقىقاتىدىكى مۇھىم، زور مەخسۇس تۈرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

نۆۋەتتە، يىندولەن مۇرەككەپ رېتسىپلىق يىزخو جەۋھىرى يېڭىلىق يارىتىلغان دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە چەت ئەلدە تىزىملىتىش تۈرىنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ فىزىكا ـ خىمىيە تەتقىقات ئورنى، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۆسۈملۈك خىمىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىشىپ «ئىستراتېگىيەلىك خەلقئارا پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقى» نۇقتىلىق مەخسۇس تۈرىگە ئىلتىماس قىلىپ، ئۆزبېكىستان دورا نازارەتچىلىكى تارمىقى بىلەن مۇرەككەپ رېتسىپلىق يىزخو جەۋھىرى توغرىسىدا دورا تەكشۈرۈش توختامى ئىمزالىدى، شىنجاڭنىڭ جۇڭيى دورىلىرى، مىللىي تېبابەت دورىلىرى خەلقئارا بازارغا يۈزلەنمەكتە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ھۈنەرۋەن ئىختىساس ئىگىسى تيەن خۇەن يېڭىلىق يارىتىش خىزمەت ئىشخانىسى» دەپ نام بېرىلدى. تيەن خۇەن باشلامچىلىقىدىكى 14 ئەزا بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدەندى، خىزمەت ئىشخانىسى جەمئىي كەشپىيات پاتېنتىدىن ئىككى تۈرنى، ئەمەلىي قوللىنىشچان يېڭى تىپتىكى پاتېنتتىن بەش تۈرنى ئىلتىماس قىلدى، ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىدىن سەككىزنى يۇقىرىغا يوللىدى.

ھازىر، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ھۈنەرۋەن ئىختىساسلىقلار يېڭىلىق يارىتىش خىزمەت ئىشخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىكى نۇرغۇن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، كۆپ تۈرلۈك يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشقا پائال ئاتلىنىشقا يېتەكلەيدىغان ئۈنۈملۈك ۋاسىتىگە ئايلىنىپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى.

«ئۇزاقتىن بېرى، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىمىزنى ئۈزلۈكسىز تۈردە تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەبلىغى ۋە ئۈسكۈنە مەدىتى بىلەن تەمىنلەپ كەلدى» دېدى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، جۇڭگو نېفىت خىمىيەسى غەربىي شىمال نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى نېفىت ئېلىش 1 ـ زاۋۇتى نېفىت ئېلىشنى باشقۇرۇش 1 ـ رايونى ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى مەركىزىنىڭ مۇدىرى ماۋ چيەنمىڭ. ماۋ چيەنمىڭ يېڭىلىق يارىتىش خىزمەت ئىشخانىسىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2013 ـ يىلى ۋە 2015 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە ھۈنەرۋەن ئىختىساس ئىگىسى يېڭىلىق يارىتىش خىزمەت ئىشخانىسى دەپ نام بېرىلگەن. ھازىرغا قەدەر، خىزمەت ئىشخانىسى نەق مەيدان ئىشلەپچىقىرىشتىكى قىيىن مەسىلىدىن جەمئىي 500دىن كۆپرەك تۈرىنى ھەل قىلدى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ۋە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسىدىن 37 تۈرنى ئىشقا ئاشۇردى، يېتەكچى ئۇستازلار 105 شاگىرتنى يېتەكلىدى، 27 تۈرلۈك دۆلەت پاتېنتىنى ئىلتىماس قىلدى، 17 تۈرلۈك ماھارەتنى كېڭەيتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ قېتىمقى خەلقئارا يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى بېرىش مۇساپىسىدە ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئېلېكتر سايمانلىرى مەھسۇلاتلىرىنى قاچىلاپ توشۇيدۇ، قايتىش مۇساپىسىدە ئىمپورت قىلىنىدىغان پاختا يېپىنى قاچىلاپ توشۇيدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى لەنجۇۋدىن يولغا چىقىپ، ماللارنى تۆمۈريول ئارقىلىق قەشقەرگە توشۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن تاشيول ئارقىلىق ئەركەشتام پورتىدا چېگرادىن چىقىرىلىپ قىرغىزىستاننىڭ ئوشقا يەتكۈزۈلىدۇ، ئارقىدىن يەنە تۆمۈريول ئارقىلىق ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتكە يەتكۈزۈلىدۇ. جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قازاقىستاندىن ئۆتۈپ ئاندىن ئۆزبېكىستانغا بارىدىغان ئەنئەنىۋى لىنىيەسىگە سېلىشتۇرغاندا، توشۇش ۋاقتىنىڭ بەش كۈن ئەتراپىدا تېجىلىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

بۇ قېتىمقى يۈك توشۇشنى ھۆددىگە ئالغان ئەنشيا ئوبوروت شىركىتىنىڭ تور باش نازارەتچىسى لىيۇ جېنخۇي مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى «جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان» تاشيول ـ تۆمۈريول ئۇلاپ توشۇش خەلقئارا يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى كارخانىمىزنىڭ غەربكە يۈزلەنگەن يېڭى لىنىيە ئېچىشتىكى پايدىلىق سىنىقى، ئەگەر يۈرۈشۈشى ياخشى بولسا، كېيىن ھەپتىدە بىر قېتىملىق نۆۋەتچى پويىزنى دائىملاشتۇرۇپ قاتنىتىشىمىز مۇمكىن.

«ئەركەشتام پورتى دۆلىتىمىزنىڭ قىرغىزىستانغا قاراتقان مۇھىم تاشيول پورتى. نۆۋەتتە، بۇ پورتنىڭ تاشيول ترانسپورت مىقدارى يۇقۇم يۈزبېرىشتىن ئىلگىرىكى ھالەتكە تەدرىجىي قايتتى ھەمدە تەدرىجىي ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. بۇ قېتىم كارخانا سىناق قىلغان تاشيول ـ تۆمۈريول ئۇلاپ توشۇش ترانسپورت شەكلى ئەركەشتام پورتىنىڭ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپلا قالماي، يەنە شىنجاڭنىڭ غەربكە يۈزلەنگەن قانالىق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى» دېدى ئەركەشتام تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى مىنەۋەر ئىلھام.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«كۆكيار روھى»نى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، قەتئىي بوشاشماي ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەسى گۈزەل بولۇش بىلەن پۇقرالىرى باي بولۇشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، لى پېڭشىن قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاقسۇ دۆلەتلىك سۈلۈق يەر باغچىسى، كۆكياردىكى مىليون مولۇق چۆللۈكتە ئورمان بىنا قىلىش بازىسى، كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى خاتىرە سارىيى، ئاقسۇ شەھىرى نانچىلىق كەسىپلەر باغچىسى ۋە ئىگەرچى يېزىسى، بەشتوغمەن يېزىسى، ئاقسۇ سودا ئەنشيا ئوبوروت باغچىسى، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، خۇڭچيو يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىغا كېلىپ، چۆللۈكنى كۆكەرتىش ۋە شۇ جايدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنى يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئەھۋالى، باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ھەم يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: «كۆكيار روھى» نۆۋەتمۇ نۆۋەت، يىلمۇ يىل كۈچ ئۇلاپ ئىشلەش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، «كۆكيار روھى»نى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئېكولوگىيە ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، ئېكولوگىيە ئارقىلىق خەلققە پايدا يەتكۈزۈش، ئېكولوگىيە ئارقىلىق خەلقنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، باش ئەگمەيدىغان، ئېگىلمەس ـ سۇنماس جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، «تۆھپە يېزىشتا مەن بولمىسامۇ بولىدۇ» دېگەن روھ بىلەن، ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، نۆۋەتمۇ نۆۋەت كۈچ ئۇلاپ ئىشلەپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدار، ئەڭ ئادىل خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق كۆرسەتتى: سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ ھەم تەبىئىي بايلىق، ھەم ئىقتىسادىي بايلىق. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى بايلىققا ئۇزاق ئۈنۈملۈك ئايلاندۇرۇشتا ھادىسىدىن تۈزەش بىلەن ماھىيەتتىن تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئېكولوگىيەلىك بايلىقنى ئېكولوگىيەلىك كەسىپكە ئايلاندۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك كەسىپنى ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇھىت ئاسراشنىڭ ماسلىشىپ تەڭ ئالغا سىلجىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: ئېكولوگىيەلىك بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە رايون ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئۆلچەمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۈپەتنى تۇتۇپ، سۈپەتلىك ماركا بەرپا قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاشقا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئەڭ زور چەكتە ئۆستۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم، جەمئىيەت ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئەڭ زور دەرىجىدە چوڭايتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.